كوممۇنىزم — سوۋېت ھاكىمىيىتى پىلىيۇس پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئېلېكترلەشتۈرۈلىشى دېمەكتۇر



# س س س ر دا ئۇلۇق كوممۇنىزم قۇرۇلۇشلىرى
## (چوڭ قانااللار ۋە چوڭ سۇ ئېلېكتر ستانسىيەلىرىنىڭ قۇرۇلىشى)

F4

شىنجاڭ ئۆلكىلىك جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

15
F451.269
1

17
431
01

# س س س ر نىڭ ئۇلۇق كوممۇنىزم قۇرۇلۇشلىرى

## چوڭ قانال ۋە سۇ ئەلەكتر ستانسىيە لىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

شىنجاڭ ئۆلكىلىك جۇڭگو — سوۋېت
دوستلۇق جەمئىيىتى تەرىپىدىن
تۈزۈلگەن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

269

書號：18－011

蘇聯偉大的共產主義建設工程
——大運河大水電站建設（維文）

編　者：新疆省中蘇友好協會
出版者：新疆人民出版社
（迪化勝利路一八四號）
印刷者：新疆日報社印刷工廠
（迪化阿合買提江路）

1——2,500（迪）一九五二年十月初版

# مۇندەرىجە


سوۋېت خەلقى ئىشەنگەن ھالدا كوممۇنىزم تەنتەنىسىگە قاراپ ئال-
غا بارماقتا . ( « پراۋدا » گېزىتىنىڭ باش ماقالىسى ) .. 1
خەلقىنىڭ پاراۋانلىغى توغرىسىدا ئۇلۇغ غەمخورلۇق . ( « پراۋدا »
گېزىتىنىڭ باش ماقالىسى ) .......... 12
س س س ر نىڭ ئۇلۇغ قۇرۇلۇشلىرى نېمە بېرىدۇ ؟ .... 21
لېنىن نامىدىكى ۋولگا - دون كېمە يۈرگۈزۈش قانىلىنىڭ ئۇلۇغ
ئەھمىيىتى .................... 42
تەبىئەتنى قايتا قۇرۇش يولىدىكى ستالىنچە پلاننىڭ ئۇتۇقلۇق
ئورۇنلىنىشى ................. 55
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 4 ئۇلۇغ كوممۇنىزم قۇرۇلۇشى . ( گوجاۋ ) . 68
لېنىن نامىدىكى ۋولگا - دون قانىلى ھەم ستالىنگراد ۋىلايىتىنىڭ
يېزا - خوجالىغى .................. 89
قاراقۇم چۆللىگىنى كېسىپ ئۆتىدىغان باش تۈركمەن قانىلى .. 96
سوۋېت ئىتتىپاقى سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئالىمىنىڭ ئىجادى ئۇتۇقلىرى 105
كاخوۋسكى سۇ توگونىنىڭ باش قۇرغۇچىلىرى ......... 112
يوختىلانغان دەھشەتلىك چۆل ................ 122
ئوتتۇرا ئاسىيا چۆللىرىدە .................. 128
تەبىئەتنىڭ تەقدىرى پەننىڭ قولىدا ............ 139
ستالىنگراد « دېڭىزى » دىن ئورال دەرياسىغىچە ......... 147
لېنىن نامىدىكى ۋولگا - دون كېمە يۈرگۈزۈش قانىلىنىڭ قۇرۇ-
لۇشىدا ...................... 152

# سوۋېت خەلقى ئىشەنگەن ھالدا كوممۇنىزم تەنتەنىسىگە قاراپ ئالغا بارماقتا

(«پراۋدا» گەزىتىنىڭ 1951 - ژىل، 8 - نويابردىكى باش ماقالىسى)

سوۋېت خەلقى تىنچ ئىجادى ئىش بىلەن مەشغۇل بولماقتا. يولداش ل. پ. بېرىيە موسكۋا شەھەرلىك كېڭەشنىڭ تەنتەنىلىك ژىغىنىدا ئۇلۇغ ئوكتەبر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ 34 — ژىللىغى توغرىسىدا قىلغان دوكلادىدا س س س ر دىكى تىنچ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېرىشكەن مۇۋاپپەقىيەتلىرىنى ئۇچۇق — ئايدىڭ تەھلىل قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانداق قىلىپ تىنچلىق يولىدا ئىزچىل كورەشكەنلىگىنى كورسۇتۇپ بەردى.

سوۋېت خەلقى 1951 نچى ژىلى سوتسىيالىستىك ئىقتىسات بىلەن مەدىنىيەتنى تېخىمۇ ئارتۇغراق يۇكسەلدۇردى.

ئۇتكەن ژىلدا س س س ر خەلىق خوجۇلۇغى قانداق ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى؟

خوجۇلۇق قۇرۇلۇشىنىڭ شۇ ژىلنىڭ ئوت-

كەن ئۇن ئىيى ئىچىدە چىقارغان يەكۇنلىرى
خەلىق خوجۇلۇغى ژىللىق پلانىنىڭ ئورۇنلۇنۇ-
دىغانلىغىنى ۋە ئارتۇغى بىلەن بەجىرىلىدىغان-
لىغىنى كورسۇتۇدۇ. سوۋىت خەلقى بۇ ژىلقى
سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ، ئوتكەن ژىلقىغا قارىغان-
دا 15 پروتسىنتتىن ئارتۇق، ئورۇشتىن ئىلگى-
رىكى 1940 نچى ژىلقى مەھسۇلاتقا قارىغاندا
ئىككى بار ئۇەر ئارتۇق بولۇدىغانلىغى توغرى-
سىدىكى خەۋەرنى چوڭ خوشاللىق بىلەن قار-
شى ئالدى.

ھەممىدىن بۇرۇن ئېغىر سانائەتنىڭ مىتال-
لورگىيە، كومۇر ۋە نەفىت سانائىتىدەك ئەڭ
مۇھىم تارماقلىرى كوزگە كورۇنەرلىك دەرى-
جىدە ئىلگىرى قەدەم باسىدۇ ۋە دولەتنىڭ پلان-
لىق تاپشۇرۇقلىرىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك يوسۇندا
ئورۇنلايدۇ. سوۋىت مەملىكىتىنى ئېلېكترلەش-
تۇرۇش ئىشى چوڭ سۇرئەتلەر بىلەن ئىلگىر-
لەشمەكتە، ماشىنا سازلىق ساھەسىدىمۇ چوڭ
مۇۋاپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىلدى.

ئېغىر سانائەتنىڭ ھەل قىلغۇچى تارماقلىرى-
نىڭ تېز سۇرئەتتە ئوسۇشى بىلەن بىر قاتاردا
سسسردا يېنىك سانائەتمۇ مۇۋاپپەقىيەتلىك يو-
سۇندا رىۋاجلانماقتا. كەڭ ئاممە ئوچۇن كېرەك-

لىك مەھسۇلات ژىلدىن — ژىل ئارتۇق مىقداردا ئىشلەپ چىقىرىلماقتا. يولداش ستالىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن سوۋېت ھوكۇمىتى بۇ ژىل ژىللىق پلاندا بەلگۈلەنگەن مىقداردىن ئارتۇق ئۇزۇق — ئوقەت ۋە سانائەت ماللىرى ئىشلەپ چىقىرىش توغرىسىدا تەگىشلىك چارىلارنى كوردى.

بۇ ژىلى ئەجايىپ ياخشى يەڭى ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن سوتسىيالىستىك يېزا خوجالىغىمۇ، سانائەتتەك، بارغانسىرى ئارتۇغراق يۇكسىلىشتە داۋام ئەتمەكتە.

س س س رنىڭ يېگانە دولەت پلانىغا بويسۇنغان خەلىق خوجالىغى كەڭەيتىلگەن سوتسىيالىستىك ئىشلەپ چىقىرىش قانۇنلىرى ئاساسىدا رەۋاجلانماقتا. بۇ ژىلى ئاساسى قۇرۇلۇشلارغا بەلگۈلەنگەن سەرمايىنىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى 1940 نچى ژىلدا مۇنۇڭدەك قۇرۇلۇشلارغا سەرپ قىلىنغان سەرمايىدىن ئىككى يېرىم ھەسسە ئارتۇق بولۇشى س س س ردا ئاساسى قۇرۇلۇشلارنىڭ قانچىلىك كەڭ كولەمدە قانات يايىدىغانلىغىنى كورسۇتۇدۇ.

يولداش ستالىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن باشلانغان ۋولگا، دون، دنېپر ۋە ئامۇدەريالىرىدىكى

ناهاييتى چوڭ سۇ تېخنيك قۇرۇلۇشليرى ئو-
زينيڭ چوڭليغى ۋە قۇرۇلۇش سۈرئيتى جە-
هەتتين ئالغاندا دۇنيادا ميسلى كورۇلميگەن قۇ-
رۇلۇشلاردۇر. سوۋېت خەلقى بۇ قۇرۇلۇشلارنى
ستالينچە ئۇلۇق كوممۇنيزم قۇرۇلۇشليرى دەپ
ئاتيماقتا.

ئيلغار سوۋېت پەنى، پۈتۈن سوۋېت مە-
دينيييتى مۇۋاپپەقييەتليك يوسۇندا رىۋاجلانماقتا
ۋە كوممۇنيزم ئۈچۈن كورەش قيليش يوليدا
خەليققە ناهاييتى زور ياردەم كورسەتمەكتە.

پارتييە بيلەن هوكۈمەت مەمليكەتنيڭ ئاسا-
سى كۈچ ۋە مەبليغليريني خەليق خوجاليغى
ۋە مەدينيييتيني تېخيمۇ رىۋاجلاندۇرۇش هەم
سوۋېت دوليتينيڭ مۇداپيئەسيني مۇستەهكەملەش
ئيشيغە سەرپ قيليدۇ، شۇنۇڭدەك قەهريمانانە
سوۋېت خەلقينيڭ بۈدۈن كيينمۇ ئوز مەملي-
كيتينيڭ تەقديرى ئۈچۈن قورقماستين تېچ هايات
كۈچۈرۈشى يوليدا تيگيشليك چاريلارنى
كورۈدۇ.

لېنين — ستالين پارتييەسى س س س ر
خەليقليريني مەهنەت ساهەسيدە تېخيمۇ ئارتۇق-
راق قەهريمانليق كورسۇتۇشكە ئيلهاملاندۇرۇدۇ
هەم ئۇنى تەشكيل قيليدۇ، ئامميني ئيجادى

كۆچىنى كوممۇنىزمنىڭ غەلىبە قازىنىشى يو-
لىدىكى بىگانە مەقسەتكە قارىتىلدۇ. كادىرلارنى
كوممۇنىزم روھىدا تەربىيە قىلىش، كادىرلارنىڭ
غايىۋى — سىياسى دەرىجىسىنى تىخىمۇ ئارتۇق
يۇكسەلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ ماركس-ئېنگېلس-
لېنىن ۋە ستالىننىڭ ئۇلۇق تەلىماتىنى ئىگەللەش
مەسىلىلىرىگە پارتىيە بولۇپمۇ چوڭ ئەھمىيەت
بېرىدۇ. لېنىنىزمنىڭ ھەممىنى يېڭىدىغان غايى-
لىرىنى مېھنەتكەشلەر ئاممىسى بارغانسېرى
چوڭقۇر چۈشەنمەكتە؛ بۇ غايىلار ئۇلارنىڭ
كۈچىنى ئارتتۇرماقتا ۋە ئۇلارنىڭ كۈرەش
قىلىش ھەم غەلىبە قازىنىش يوللىرىنى يورۇت-
ماقتا. سوۋېت كىشىلىرىدە مەنمەنلىك يوق، ئۇ-
لار ئېرىشىلگەن مۇۋاپپەقىيەتلەر بىلەن قانائەت-
لىنىپ قالمايدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى كەل-
گۈسىمىز بىلەن باغلىق بولغان ئۇلۇق ۋەزى-
پىلەر نۇقتەئىي نەزەرىدىن ئۆلچەيدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇلار ئۆز ئىشلىرىدە يېڭىدىن — يېڭى
ئۇتۇقلارغا ئېرىشمەكتە.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچ قۇرۇلۇش ئىش-
لىرىدە ئېرىشكەن ناھايىتى چوڭ مۇۋاپپەقىيەت-
لىرى سوۋېت سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ كاپىي-
تالىستىك تۈزۈمگە قارىغاندا تەڭلەشتۈرۈپ بول-

مايدىغان دەرىجىدە زور ئارتۇقلۇقلارغا ئىگە
بولغانلىغىنى كورسۇتۇدۇ.
كىيىنكى ژيللدا پۈتۈن دۇنيادا ئىككى قۇ-
تۇپ، ئىككى جازىبە مەركىزى تەخىمۇ ئارتۇغ-
راق گەۋدىلەندى. بىر تەرەپتە سوتسىيالىزم ۋە
دىموكراتىيە لاگىرىنىڭ بىشىدا سوۋىت ئىتتىپاقى
تۇرماقتا. ئۇ يىڭى ئۇرۇشنىڭ بولۇشىغا قارشى
ۋە تىنچلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خەلىقلەر-
نىڭ ئوز تۇرمۇشلىرىنى ئوزلىرى قۇرۇش ھو-
قۇقى ئۈچۈن كۈرەشكۈچى پۈتۈن تەرەققى
پەرۋەر كۈچلەرنى ئوزىگە تارتىدىغان مەركەز-
دۇر. ئىككىنچى تەرەپتە جاھانگىرلىك لاگىرى
بولۇپ، ئۇنىڭغا ئامىرىكا قوشما شتاتلىرى
باشچىلىق قىلماقتا. جاھانگىرلىك لاگىرى خە-
لىقلەرنى تالاش — بۇلاش ۋە قۇل قىلىش ئۈ-
چۈن يىڭى جاھان ئۇرۇشىنى باشلاشقا ئۇرۇن-
غۇچى پۈتۈن دۇنيانىڭ تەجاۋۇزكار ۋە ئىستىب-
داتچى كۈچلىرىنى ئوزىگە جەلىپ قىلماقتا.
پۈتۈن دۇنيا مىھنەتكەشلىرى سوۋىت دو-
لىتى ياشاۋاتقان دەۋىردە ئوكتەبر ئىنقىلابىنىڭ
ئىجادى ئىنقىلاپ بولغانلىغى، سوۋىت خەلقىنىڭ
پلانلىق رەۋىشتە يىڭى، كوممۇنىستىك جەم-
ئىيەتكە قاراپ كىتىۋاتقانلىغى ھەم سوۋىت ھو-

كوُمىتېتىنىڭ ئىزچىللىق بىلەن ئەغىشماستىن تىنچ-
لىق سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۆ-
چۈق كۆرمەكتە.

يولداش ستالىن تېخى 1925 نچى يىلدىلا:
«ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوللىنىلماقتا بولغان
سىياسەت، تاشقى سىياسەت، ئاساسەن، تىنچلىق
سىياسىتىدىن ئىبارەتدۇر. تىنچلىق ئۈچۈن كۈرەش
يەڭى ئۇرۇشلارنىڭ چىقىشىغا قارشى كۈرەش،
يېڭى ئۇرۇشنى ھازىرلاش يولىدا بېسىلغان ھەر-
بىر قەدەمنى پاش قىلىش ... مانا بۇلار بىزنىڭ
ۋەزىپىمىزدۇر» دېگەن ئىدى.

سوۋېت دۆلىتىنىڭ ئوكتەبىر ئىنقىلابى نەتىجىسىدە
مەيدانغا كەلگەن تىنچلىق سىياسىتى، پۈتۈن تىنچلىق
سۆيگۈچى خەلقلەرنىڭ مۇھەببىتىنى قازاندى ۋە ئۇ-
لارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. سوۋېت دۆلىتىنىڭ پۈتۈن
كۈچىنى يېڭى، كوممۇنىستىك جەمئىيەت قۇ-
رۇش يولىغا سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى ھازىر
ھەممە بىلىدۇ. سوۋېت خەلقى ئۇرۇشنىڭ ئۆزى-
گە كېرەك بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى
تەجاۋۇزكارلىق ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت
ئالەمى ئالدىدا ئەڭ ئېغىر جىنايەت بولغانلىقى
ۋە سوقۇشنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئاددى ئادەملىرى
ئۈچۈن بەك زور پالاكەت دەپ ھېساپلىغىنى ئۈ-
چۈن تىنچلىق يولىدا كۈرۈشۈدۇ.

جاھانگىرلىك ۋە ئۇرۇش لاگېرىدا نېمى-
لەر بولۇۋاتماقتا؟ ئۇ يەردە يېڭى جاھان ئۇرۇشى-
نى ھازىرلاش ۋە سوۋقۇش قىلىش سىياسىتى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇلماقتا. ئا. ق. ش، ئەنگلىيە ۋە فران-
سىيەنىڭ ھۆكۈمران دائىرىلىرى ئىككىنچى جا-
ھان ئۇرۇشىدىن كېيىن دەرھال ئۇرۇش ۋاقتىدا
ئۇلۇق دۆلەتلەر ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەڭ مۇھىم
كېلىشىملەرنى بۇزۇشقا باشلىدى، خەلقلەرنى
يېڭى جاھان ئۇرۇشى پالاكىتىگە پاتۇرۇش ئۈ-
چۈن خەلقئارا ھەمكارلىقنى بۇزۇپ، تاجاۋۇز-
چىلار ئىتتىپاقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش يولىغا
چۈشۈۋالدى.

ئامېرىكا — ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى جاھان-
گىرلار ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىل سىياسەتلىرى-
نى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن بولغان «خەۋپ-
لەر» توغرىسىدىكى ھەر خىل تۆھمەتلىرى ۋە
ئويدۇرمىلىرىنىڭ نىقابى ئاستىغا يوشۇرۇش بى-
لەن پۈتۈن دۇنيا ئەپكار ئاممىسىنى ئالداشقا شۇ-
نىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ چىرىك پىلانىنى ئەمەلگە ئا-
شۇرۇشقا ئۇرۇنۇدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى ناھايىتى
كۆپ ساننى تەشكىل قىلغان تىنچلىقپەرۋەر خە-
لىقلەرنىڭ تىنچلىق توغرىسىدىكى پىكىرلىرى بى-
لەن ھېساپلاشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا

جاھانگىرلىرى ئۇلۇق دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
تىنچ ھەمكارلىق سىياسىتىگە قارشى چىقماقتا؛ ئامې-
رىكا — ئەنگلىيە جاھانگىرلىرى تېھران، يالتاۋە
پوتسدام كونفېرېنسىيەلىرىنىڭ تارىخى قارارلىرى-
نى قوپال رەۋىشتە ئاياق-ئاستى قىلماقتا؛ ئۇلار
تەجاۋۇزچىل ئاتلانتىك ئىتتىپاقىنى ۋۇجۇتقا كەل-
تۈردى؛ گېرمان فاشىزمى بىلەن ياپون مىلىتې-
رىزمىنى قايتا جانلاندۇرماقتا؛ دۇنيانىڭ ھەر بىر
قىسمىدا ھەربى بازىلار ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەكتە.
ئامېرىكا جاھانگىرلىرى مانا بۇ فاكتلارنىڭ ھېچ-
بىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ ھەم باشقا تىنچلىق سۆيگۈچى دۆلەتلەرنىڭ
تىنچلىقنى ساقلاش توغرىسىدىكى تەكلىپلىرىنى
ئۇلار دائىما رەت قىلماقتا؛ ئامېرىكا جاھانگىرلىرى
بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنى بايرىغى، ئاستىغا
يوشۇرۇنۇپ تىنچلىق سۆيگۈچى چاۋشەن خەلقى-
گە قارشى باسمىچىلىق ئۇرۇشىنى ئېلىپ بار-
ماقتا. ئامېرىكا جاھانگىرلىرى ھەمىگە مەئلۇم
بولغان بۇ فاكتلارنىڭ ھېچبىرىدىن قېچىپ قۇ-
تۇلالمايدۇ.

بىر تەرەپتە يېڭى ئۇرۇش خەۋپى كۈچەي-
سە، ئىككىنچى تەرەپتە تىنچلىق ۋە دېموكراتىيە
كۈچلىرىنىڭ لاگېرى ئۆسمەكتە، ھەم مۇستەھ-

-كەملەنمەكتە. بۇ لاگېر پەقەت تىنچلىق ئىشىنى
كۆز ئالدىدا تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جاھان-
-گىرلىك ۋە ئۇرۇش لاگېرىدىن كۈچلۈكتۇر.
يېقىندىن ھەمكارلىشىش ۋە ئۆز-ئارا ياردەم قىلىش
ئاساسىدا ئۆز ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرماقتا بول-
-غان دېموكراتىيە لاگېرىنىڭ قۇدرىتى، سوۋېت
دۆلىتىنىڭ كوممۇنىزم قۇرۇش يولىدا ئېرىش-
-كەن چوڭ ئۇتۇقلىرى، خەلق دېموكراتىيەسى
مەملىكەتلىرىدە يېڭى تۈزۈم قۇرۇش ساھە-
سىدە ئېرىشىلگەن ئاجايىپ ئوبدان مۇۋەپپەقىيەت-
لەر، جۇڭگو خەلق دېموكراتىيەسى دىكتاتۇرى-
سىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، گېرمانىيە خەلق دېموك-
راتىك جۇمھۇرىيىتىدىكى تىنچ قۇرۇلۇشنىڭ مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك راۋاجلىنىشى ئاساسىدا ئۆسمەكتە.
دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزم لاگېرى ئىق-
تىسادى، مەدەنى، سىياسى جەھەتتىن قارىغاندا ئىككىلە-
مەس تەڭدىشى يوق كۈچتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر
جاھانگىرلار لاگېرى بېشىدا تۇرغۇچىلار شۇ-
نىڭغا قارىماستىن ئۇرۇش ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشقا
جۈرئەت قىلىدىكەن، ئۇ چاغدا ئۇرۇش چوقۇم
جاھانگىرلىك لاگېرىنىڭ ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇشى
بىلەن تاماملىنىدۇ؛ بۇنىڭغا ھېچقانداق شۈبھە
قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇلۇق ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ 34 — يىللىغى سوۋېت دۆلىتىنىڭ كۈچ ۋە قۇدرىتىنى يەنە بىر قېتىم ھەممىنى ئىشەندۈرەرلىك رەۋىشتە نامايىش قىلدى. پۈتۈن دۇنيا مېھنەتكەشلىرى غەلىبىلىك رەۋىشتە كوممۇنىزم قۇرماقتا بولغان سوۋېت مەملىكىتىگە تېخىمۇ ئۆزىنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىنى بىلدۈرمەكتە ۋە ياردەم قولىنى سوزماقتا.

ئۇلۇق لېنىن — ستالىن پارتىيەسى ئەتراپىغايىسقىنىدىن جىپسلاشقان سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقلىرى بۇزۇلماس تىچلىق بىلەن ۋە كەلگۈسىگە ئىشەنگەن ھالدا ناھايىتى زور ئىجادى ئىشىنى داۋام ئەتتۈرمەكتە. سوۋېت خەلقىنىڭ ئېرىشكەن غالىبىيەتلىرىنىڭ ئىلھامچىسى ۋە تەشكىلاتچىسى بولغان ئۇلۇق ستالىن، ئىچكى ۋە خەلقئارا تۇرمۇشنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ ھادىسىلىرىنى توغرى بايقاپ، داھىيانە زېرەكلىك بىلەن پارتىيە ۋە خەلققە يول كۆرسۈتۈدۇ ۋە كەلگۈسىدە يەنىمۇ رىۋاجلىنىشنىڭ يوللىرىنى بەلگۈلەپ بېرىدۇ. سوۋېت خەلقى شانلىق بولشېۋىكلەر پارتىيەسىنىڭ يولباشچىلىغى ۋە يولداش ستالىننىڭ دانا رەھبەرلىگى ئاستىدا ئىشەنگەن ھالدا كوممۇنىزمنىڭ تەنتەنىسىگە قاراپ قەدەم باسماقتا.

# خەلقنىڭ پاراۋانلىغى توغرىسىدا
# ئۇلۇق غەمخورلۇق

مەھنەتكەشلەرنىڭ بەخىت — سائادەتلىك تۇرمۇشىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئۇقۇرى كوتۇرۇلۇشى—سوتسىيالىستىك جەمئىيەت رىۋاجلىنىشىنىڭ قانۇنىدۇر. «بىزنىڭ ئىنقىلابىمىزنىڭ خاراكتېرلىق خۇسۇسىيىتى. دەيدۇ، يولداش ستالىن — ئۇنۇڭ خەلىققە يالغۇز ئەركىنلىكنىلا ئەمەس، بەلكى ماددى بايلىق ھەم توق، مەدىنى تۇرمۇش كوچۇرۇشكە ئىمكانىيەت بەرگەنلىگىدەدۇر».

ئۇرۇشتىن كىيىنكى ستالىنچە 5 ئىيللىقنىڭ ئوتۇغلۇق ئورۇنلىنىشى نەتىجىسىدە بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دولىتىمىزنىڭ كۇچ — قۇۋۋىتى يەنىمۇ ئوستى، مەھنەتكەشلەرنىڭ ماددى — مەدىنى تۇرمۇش دەرىجىسى يەنىمۇ ئۇقۇرى كوتۇرۇلدى. ھازىرقى 1951 — ئىيل سوتسىيالىستىك ئىقتىسات بىلەن مەدىنىيەتنىڭ يەنىمۇ كوتۇرۇلۇش ئىيلىدۇر.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەت شارائىتلىرىدا ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ رىۋاجلىنىشى ھەممە خەلىق ماددى تۇرمۇش ھالىتىنىڭ ئۇقۇرى كوتۇرۇلۇشىنى كورسۇتۇدۇ. كاپىتالىزم مەملىكەتلىرىدە

ئىشلەپ چىقىرىش بىر تۇتام ئەكسپلوئاتاتسىيە قىلە-
غۇچىلارنىڭ پايدا تېپىشى ۋە ئۇلارنىڭ باي بو-
لۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بولسا، بىزنىڭ
مەملىكىتىمىزدە مەھنەتكەشلەرنىڭ پايدا- مەنپەئەتى
ھەممە خەلىق خوجىلىقىنىڭ رىۋاجلىنىشى ئاسا-
سىدا كېتىۋاتماقتا.

سوۋېت كىشىلىرى، ئۆزىمىزگە ھەم ئۆز
جەمئىيىتىمىزگە ئىشلەيمىز دەپ ھېس قىلغانلىق-
تىن، تېز ئىجادى مەھنەتتە سوۋېت دولىتىنىڭ
كۈچ — قۇۋۋىتىنى چىڭىتىش كۈرۈشىدە تۇ-
گۈمەس ئىجادى قىزغىنلىقىنى كۆرسەتمەكتە.
ئۇلار كوممۇنىستلار پارتىيەسى بىلەن سوۋېت
ھوكۈمىتىنىڭ، كىشىلەرنىڭ پاراۋانلىقى ھەم
بەخىت — سائادىتى توغرىسىدىكى ئۇلۇق غەم-
خورلىقىنى ھەر كۈنى ھېس قىلىشماقتا.

مەھنەتكەشلەرنىڭ بەخىت — سائادىتى توغ-
رىسىدىكى ستالىنچە غەمخورلۇق گراژدانلار
سانائىتىنىڭ قىزغىن رىۋاجلىنىشى، كەڭ ئىستېمە-
ل ماللارنى (تاۋارلار) ئىشلەپ چىقىرىشنىڭ ئا-
شۇرۇلۇشى، ئۇزۇق — ئوقەت ھەم سانائەت مال-
لىرىغا قويۇلۇدىغان باھالارنى ئارقىمۇ — ئارقا
چۈشۈرۈش سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، تۇ-
رار جايلار قۇرۇلۇشىنىڭ غايەت زور مىقياستا كە-